# جۇڭگو ھۆكۈمىتى «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جۇ خۇڭلياڭ، شۇ لىنگۈي)** جۇڭگو ھۆكۈمىتى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى.

بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1998 - يىلدىن بۇيان ئېلان قىلغان 10 - پارچە دۆلەت مۇداپىئەسى ئاق تاشلىق كىتابى، شۇنداقلا پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئېلان قىلغان تۇنجى دۆلەت مۇداپىئەسى ئۇنىۋېرسال ئاق تاشلىق كىتابى.

ئاق تاشلىق كىتابنىڭ تولۇق تېكىستى تەخمىنەن 27 مىڭ خەت بولۇپ، تېكىست قىسمى خەلقئارا خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ مۇداپىئە خاراكتېرلىك دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ بۇرچ - ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، ئىسلاھات جەريانىدىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەسى، مۇۋاپىق، جايىدا بولغان دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا پائال مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئالتە بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئاق تاشلىق كىتاب دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرگەن، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئېلان قىلىندى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان بولۇپ، روشەن دەۋر خاراكتېرىگە، يۈكسەك ئۇنىۋېرساللىققا ۋە گەۋدىلىك ئىجادچانلىققا ئىگە» دېدى ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇرۇش تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ساۋ يەنجۇڭ.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ، لېكىن خەلقئارا خەۋپسىزلىك دۇچ كېلىۋاتقان مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق تېخىمۇ گەۋدىلىنىۋاتىدۇ، دۇنيا تىنچ ئەمەس.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ تۈپ نىشانى؛ مەڭگۈ زومىگەر بولماسلىق، مەڭگۈ كېڭەيمىچىلىك قىلماسلىق، مەڭگۈ تەسىر كۈچ دائىرىسى قوغلاشماسلىقتا چىڭ تۇرۇش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى؛ يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىسى؛ جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ تەرەققىيات يولى؛ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى.

«ئاق تاشلىق كىتابتا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ مۇداپىئە خاراكتېرلىك دۆلەت مۇداپىئەسى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇلدى، تۇنجى قېتىم جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى سىياسىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ شەكىللەندۈرۈلدى، دۇنياغا جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشى، ئاساسىي مىزانى ۋە دۇنياۋى ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى، بۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىگە، ئاتالمىش ‹جۇڭگو تەھدىتى سەپسەتىسى›نى پەسەيتىشكە پايدىلىق. بۇ، يېڭى نۇسخىدىكى دۆلەت مۇداپىئەسى ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئەڭ چوڭ يارقىن نۇقتىسى» دېدى ساۋ يەنجۇڭ.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: يېڭى دەۋرگە كىرگەندە، جۇڭگو ئارمىيەسى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن بۇرچ - ۋەزىپىنى قەتئىي ئادا قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشنى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىرلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشنى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، دۆلەتنىڭ چەت ئەللەردىكى مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۇنجى قېتىم پۈتۈن كۆرۈنۈش ھالىتىدە نامايان قىلىندى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: يېڭى دەۋرگە كىرگەندە، دۇنيا يېڭى ھەربىي ئىشلار ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇلارنى، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەرنى، سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشتە تارىخىي قەدەم تاشلىدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا جۇڭگونىڭ مۇۋاپىق، جايىدا بولغان دۆلەت مۇداپىئەسى چىقىمى تەپسىلىي بايان قىلىندى، جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتى كۆلىمىنىڭ قۇرۇلمىسى تونۇشتۇرۇلدى، دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلەر بىلەن تەھلىل قىلىنىپ سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىلدى: ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتى ئاشكارا، ئېنىق، چىقىم سەۋىيەسى مۇۋاپىق، جايىدا بولۇپ، دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتى تۆۋەنرەك. جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى چىقىمى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، چوڭ دۆلەتنىڭ خەلقئارا مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا بىرقەدەر چوڭ پەرق بار. جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى چىقىمى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ، مۇۋاپىق، مۇقىم ئاشۇرۇش داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدۇ.

ئاق تاشلىق كىتابتا يەنە مەخسۇس باب ئاجرىتىلىپ، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىنى قەتئىي قوغداش، يېڭىچە خەۋپسىزلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، رايون خەۋپسىزلىك ھەمكارلىق رامكىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، زېمىن مەسىلىسى ۋە دېڭىز - ئوكيان چېگراسىنى ئايرىش تالاش - تارتىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، خەلقئارا ئاممىۋى خەۋپسىزلىك مەسئۇلىيەتلىرى بىلەن پائال تەمىنلەش قاتارلىق تەرەپلەردىكى كونكرېت ئەمەلىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: جۇڭگو ئارمىيەسى ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ خەلقئارا مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ ئۆزئاقچە تىنچ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاق تاشلىق كىتابنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە ئون نەچچە جەدۋەل تىزىپ چىقىلغان بولۇپ، ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى تارماقلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، 2010 - يىلدىن 2017 - يىلغىچە جۇڭگونىڭ يىللىق دۆلەت مۇداپىئەسى خىراجىتى تەركىبى، 2012 - يىلدىن بۇيانقى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ سىرتقا قاراتقان قانات يايدۇرغان ئاساسلىق بىرلەشمە مانېۋىرلىرى، بىرلەشمە مەشىق پائالىيەتلىرى ھەمدە جۇڭگو ئارمىيەسى قاتناشقان ئاساسلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.

ئاق تاشلىق كىتابنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقتىكى كىتابچىلىرى خەلق نەشرىياتى، چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى كۆزلەپ، تەكشۈرۈش - ھوقۇق بېرىش، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيەلىك قوغداش، كېسىمدە مۇرەسسە قىلىش، ساھە تەلەپچانلىقى قاتارلىق ھالقىلاردىن قوغداش خىزمىتى سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن، مەمۇرىيەت، ئىقتىساد، تېخنىكا، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋاستىسىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قوغداش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭيى تېبابىتى، غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى بىلەن غەرب تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلىشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش دۆلىتىمىز سەھىيە ۋە ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى. جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئىشلىرى ۋە كەسپلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئېچىشتا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ كېسەل داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشتىكى ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزىلارنىڭ ئاممىۋى ئۆي ئەسلىھەلىرى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تىرەك، يېزا - كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى. شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى ئۆي ئەسلىھەلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش - قوغداشنى ئالغا سىلجىتىشنى يۆنىلىش قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاساسىي يېتەكچى بولۇش، بازار يۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك سۇبيېكتلارنى يېزىلارنىڭ ئاممىۋى ئۆي ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇش - قوغداشقا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، مۈلۈك ھوقۇقى تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش - قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش - قوغداش ئۆلچىمى ۋە قېلىپىنى ئىلمىي بېكىتىپ، باشقۇرۇش - قوغداش ئەندىزىسىنى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سەددىچىن سېپىلى، ئۇلۇغ قانال، ئۇزۇن سەپەر دۆلەت مەدەنىيەت باغچىسى قۇرۇش مەدەنىيەت ئىشەنچىسىنى چىڭىتىش، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تەسىر كۈچىنى، ئىنقىلاب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى نامايان قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ۋارىسلىق قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى گەۋدىسى شۇنىڭدەك مۇھىتقا قارىتا قاتتىق قوغداش ۋە باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى مۇۋاپىق ساقلاپ قېلىش، مەدەنىيەت ساياھىتى، خاس ئېكولوگىيە كەسپىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقى، مەڭگۈلۈك ئاساسىي ئېتىزلار، شەھەر - بازارلارنى ئېچىش چېگراسىدىن ئىبارەت ئۈچ كونترول سىزىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بېكىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايلىق، مۇھىتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىشنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى باھالاشنى ئاساس قىلىپ، ئېكولوگىيە، يېزا ئىگىلىكى، شەھەر - بازار قاتارلىق فۇنكسىيەلىك بوشلۇقنى ئىلمىي، تەرتىپلىك بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن خەرىتە لايىھەسى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم، بىرلىككە كەلگەن يىرىك پىلان، بىرلىككە كەلگەن سۇپا بولۇش تەلىپى بويىچە تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالاقە تورىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تورنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش سىستېمىسى ئورنىتىپ، پاكىز تور بوشلۇقى بەرپا قىلىش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما. سىستېمىلىق پىلانلاش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەر باشقۇرۇش، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىش، مەزمۇنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، جەمئىيەت ماسلىشىش، تورنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، تورنى تېخنىكا ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەرنى تولۇق قاپلىغان تورنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش سىستېمىسىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، تورنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتا ئاساسلىق ۋەزىپە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق داۋالاش بايلىقى توپلاشقان رايونلاردا بىرقانچە ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش ئاپپاراتىنى تاللاپ، شۆبە مەركەز، تارماق ئاپپارات قۇرۇش، دوختۇرلار كۆپ نۇقتىدا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق يۆتكىلىپ داۋالىنىدىغان ئاغرىقلار كۆپ، داۋالاش بايلىقى نىسپىي ئاجىز رايونلاردا رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى گۇرۇھلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ داۋالىنىش مۇلازىمىتى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى يۇغۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق يېتەكلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سىناق نۇقتىلىرىدا ئالدىن يولغا قويۇپ، بازارنىڭ كۆتۈرۈش، ساھەلەرنىڭ بىرلىشىش، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپ قانۇنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئالدىن يولغا قويۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشنى قوللاشتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەسىس قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇھىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ شەھەر ئۈلگىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: چىڭداۋدا جۇڭگو — شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يەرلىك ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشتىكى مەقسەت «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى، زامانىۋى سودا، قوش يۆنىلىشلىك مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقى، سودا ساياھىتى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، چىڭداۋنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشى ۋە دېڭىز ھەمكارلىقىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ھەمتۈرتكە بولىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى چۆرىدەپ، بەزى تېخىمۇ قاراتمىلىققا، ئىجادىيلىققا ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. تۆۋەنگە نەزەر سېلىش، قەدەمنى تۆۋەنگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسلىي ئىجادىيەتلىك، پەرقلىق ئىسلاھات ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ئىلھام بېرىپ، يېتەكلەپ ۋە قوللاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدەنگەن ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىي، چىڭ بولۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چاقماقتەك چاققان بولۇپ، تەكتىنى كۆرۈپ، ئۈنۈمنى كۆرۈپ، مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا قىيىنلىق دەرىجىسى زور، تەسىر دائىرىسى كەڭ، پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە كەڭ قورساق بولۇپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاش كېرەك. ئىسلاھات جەريانىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي يېڭىش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قايسىلىپ قالغانلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىزدەش، قۇتقۇزۇشنى، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەسەللىي بېرىش قاتارلىق كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ئىلمىي قۇتقۇزۇشقا دىققەت قىلىپ، خەتەر ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ياخشى قىلىپ، ئىككىلەمچى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، بىر قىسىم جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپىيىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ، تەبىئىي ئاپەت يوشۇرۇن خەۋپى بىرقەدەر كۆپ بولدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار خەلققە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇش روھى بىلەن پائال كۈچ تەشكىللەپ، خەتەرلىك ئەھۋال، يوشۇرۇن خەۋپنى ئەستايىدىل رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش - ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ مۇنداق تەستىقىي يوليورۇق بەردى: ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى ئازايتىپ، ئەتراپتىكى بىخەتەرلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، يېڭى گېئولوگىيەلىك ئاپەت ۋە ئىككىلەمچى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە دەرھال بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، نەق مەيداندا يەرلىكنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ياردەم بېرىشى كېرەك. ھازىر دەل «7 - ئاينىڭ ئاخىرى، 8 - ئاينىڭ بېشى»دىكى ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچى، ھەرقايسى جايلارنىڭ بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشكە، قىيان، گۈمۈرۈلۈش، لاتقا شېغىللىق ئېقىن قاتارلىق ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى شۇ جاينىڭ قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى دۆلەت جىددىي تېببىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتىنى ئاپەت رايونىغا بېرىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى، گۈيجۇ ئۆلكىسى، ليۇپەنشۈي شەھىرى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەبىئىي بايلىق، سەھىيە قاتارلىق قۇتقۇزۇش كۈچلىرىنى تەشكىللەپ نەق مەيداندا ئىزدەش، قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، تۈرلۈك خىزمەتلەر جىددىي، تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەتنىڭ قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدكە تولىدىغانلىقىنىڭ جانلىق نامايەندىسىگە ئايلاندى. كەڭ پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرىنىڭ مەۋقەنى يېڭى دەۋرگە قويۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش، دوستانە بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىلگىرىلەشتەك پىدائىيلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋاملىق ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى لېي فېڭ ھېكايىسىنى يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسى يېتەكلەش، بىرلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كەڭ پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىشى، جەمئىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سۇپا ھازىرلاپ، تېخىمۇ كۆپ مەدەت بېرىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئورتاق ھالدا «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا مۇجەسسەملىشى كېرەك.

**شى جىنپىڭ**

2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: پىدائىيلار مۇلازىمىتى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كەڭ پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەھەللىلەرگە كىرىپ، يېزا - كەنتلەرگە كىرىپ، ئاساسىي قاتلامغا كىرىپ، باشقىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇپ، غايە - ئېتىقاد، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ياخشى نىيەت، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى تولۇق نامايان قىلىپ، خەلقتە ئېتىقاد بولسا، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدكە تولىدىغانلىقىنىڭ جانلىق نامايەندىسىگە ئايلاندى. كەڭ پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرىنىڭ مەۋقەنى يېڭى دەۋرگە قويۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش، دوستانە بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىلگىرىلەشتەك پىدائىيلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋاملىق ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى لېي فېڭ ھېكايىسىنى يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسى يېتەكلەش، بىرلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كەڭ پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىشى، جەمئىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سۇپا ھازىرلاپ، تېخىمۇ كۆپ مەدەت بېرىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئورتاق ھالدا «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا مۇجەسسەملىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۋاڭ كۈنمىڭ 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار ۋەكىللىرى يىغىنىدا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، قەتئىي ھالدا جۇڭگوچە پىدائىيلار مۇلازىمىتى يولىدا مېڭىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجاد قىلىش كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلاردا پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك.

يىغىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك بىرلەشمە باشلىقى، دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقى، مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقلىرى، باش كاتىپ ۋە دائىمىي ئىشلار كېڭەش ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، «جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسى نىزامنامىسى» «جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسى 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ۋە «جۇڭگو پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىرلەشمىسى 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ مالىيە دوكلاتى» ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.